### شى جىنپىڭ جېڭجوۋ يۈەنفاڭ گۇرۇھىدىكى ئىشچى - خىزمەتچىلەرگە جاۋاب خەت يېزىپ، كەڭ ئەمگەكچى ئاممىنى

# ئەمگەك روھىنى ئەۋج ئالدۇرۇپ، جاپا - مۇشەققەت، خەتەرلىك توسالغۇلارنى يېڭىپ، ئاددىي ئىش ئورنىدا داۋاملىق قالتىس ھېكايىلەرنى يېزىشقا ئىلھاملاندۇردى

(بېشى 1 - بەتتە)

تېز يەتكۈزۈش خادىملىرىدىن يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش ماددىي ئەشيالىرىنى ئىشلەپچىقىرىدىغان ئىشچىلارغىچە مىليونلىغان ئەمگەكچى ئامما ئۆز ئىش ئورنىدا باش چۆكۈرۈپ جاپالىق ئىشلەپ، ئۈن - تىنسىز ئۆزىنى بېغىشلاپ، يۇقۇم ئۈستىدىن غەلىبە قىلىشنىڭ قۇدرەتلىك كۈچىنى مۇجەسسەملىدى. كەڭ ئەمگەكچى ئاممىنىڭ ئىشەنچىنى چىڭىتىپ، غەيرىتىنى ساقلاپ، ئەمگەك روھىنى ئەۋج ئالدۇرۇپ، جاپا - مۇشەققەت، خەتەرلىك توسالغۇلارنى يېڭىپ، ئاددىي ئىش ئورنىدا داۋاملىق قالتىس ھېكايىلەرنى يېزىپ، ئۆزىنىڭ جاپالىق ئەمگىكى ئارقىلىق يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش - تىزگىنلەش ۋە ئىقتىساد، جەمئىيەت تەرەققىياتىغا تېخىمۇ كۆپ كۈچ قوشۇشىنى ئۈمىد قىلىمەن.

يۈەنفاڭ گۇرۇھى خېنەن ئۆلكىسىنىڭ جېڭجوۋ شەھىرىدىكى بىر ئۇنىۋېرسال مۇلازىمەت تىپىدىكى پۇقراۋى كارخانا بولۇپ، ھازىر 60 مىڭ ئىشچى - خىزمەتچىسى بار، بۇنىڭ ئىچىدە پارتىيە ئەزاسى 500 دىن ئاشىدۇ. يېقىندا پارتىيە 19 - قۇرۇلتىيىنىڭ ۋەكىلى، يۈەنفاڭ گۇرۇھى پارتىيە كومىتېتىنىڭ شۇجىسى شۆ رۇڭ باش شۇجى شى جىنپىڭغا خەت يېزىپ، بارلىق ئىشچى - خىزمەتچىلەرگە ۋاكالىتەن ئۆز خىزمەت ئورنىدا چىڭ تۇرۇپ، يۇقۇمغا تاقابىل تۇرۇشقا ئاكتىپ قاتنىشىش ئەھۋالىنى دوكلات قىلىپ، مەسئۇلىيەتنى ئورتاق زىممىگە ئېلىپ، ۋاقىتلىق قىيىنچىلىقنى ئورتاق يېڭىش ئىرادىسىنى بىلدۈردى.

---

(بېشى 1 - بەتتە)

يەر شارىدىكى نامراتلارنى ئازايتىش ئىشلىرىغا جۇڭگو ئەقىل - پاراسىتى ۋە جۇڭگو لايىھەسىنى تەقدىم قىلدى. نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۆتكەلگە ھۇجۇم قىلىشنىڭ سالمىقى زور، كۆلىمى كەڭ، تەسىرى چوڭقۇر، مىسلىسىز بولۇپ، ھەل قىلغۇچ خاراكتېرلىك ئىلگىرىلەش قولغا كەلتۈرۈلۈپ، نامرات رايونلار ۋە نامرات ئاممىنىڭ ئىشلەپچىقىرىش، تۇرمۇش شارائىتى كۆرۈنەرلىك ياخشىلىنىپ، ئىنسانىيەتنىڭ نامراتلىققا قارشى تۇرۇش تارىخىدا يېڭى سەھىپە پۈتۈلدى.

ماقالىدە مۇنۇلار كۆرسىتىلدى: نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۆتكەلگە ھۇجۇم قىلىش ئۇلۇغ ئەمەلىيىتىدە، بىز نۇرغۇن قىممەتلىك تەجرىبىلەرنى توپلىدۇق. بىرىنچى، پارتىيە رەھبەرلىكىدە چىڭ تۇرۇپ، تەشكىلىي كاپالەتنى يەنىمۇ كۈچەيتتۇق. ئىككىنچى، دەل جايىدا بولۇش تەدبىرىدە چىڭ تۇرۇپ، نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇشنىڭ ئەمەلىي ئۈنۈمىنى ئۆستۈردۇق. ئۈچىنچى، سېلىنمىنى زورايتىشتا چىڭ تۇرۇپ، مەبلەغ ئارقىلىق قوللاشنى يەنىمۇ كۈچەيتتۇق. تۆتىنچى، جەمئىيەتنى سەپەرۋەر قىلىشتا چىڭ تۇرۇپ، ھەرقايسى تەرەپلەرنىڭ كۈچىنى مۇجەسسەملىدۇق. بەشىنچى، قاتتىق تەلەپ قويۇشتا چىڭ تۇرۇپ، ھەقىقىي تۇتۇپ ئەمەلىي ئىشلەشنى ئىلگىرى سۈردۇق. ئالتىنچى، ئاممىنى سۇبيېكتلىقىدا چىڭ تۇرۇپ، ئىچكى ھەرىكەتلەندۈرگۈچى كۈچنى ئۇرغۇتتۇق. بۇ تەجرىبىلەر ئىنتايىن قىممەتلىك بولۇپ، ئۇزاققىچە چىڭ تۇرۇش ھەم ئۈزلۈكسىز مۇكەممەللەشتۈرۈش ۋە راۋاجلاندۇرۇش كېرەك.

ماقالىدە مۇنۇلار كۆرسىتىلدى: نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۆتكەلگە ھۇجۇم قىلىش جېڭىدە غەلىبە قىلىشتىكى قىيىنچىلىق، خىرىسلارنى سەگەكلىك بىلەن ئىگىلەش كېرەك. نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۆتكەلگە ھۇجۇم قىلىشنىڭ نەتىجە، ئۈنۈمى غايەت زور، لېكىن دۇچ كەلگەن قىيىنچىلىق، خىرىسمۇ ئوخشاشلا غايەت زور، ھەل قىلىشقا تېگىشلىك گەۋدىلىك مەسىلىلەر يەنىلا ئاز ئەمەس. نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۆتكەلگە ھۇجۇم قىلىش قانچە ئاخىرىغا بارغانسېرى، دۇچ كېلىدىغىنى شۇنچە يېڭىش ئەڭ قاتتىق قىيىنچىلىقلاردۇر. شەكىلۋازلىق، بىيۇروكراتلىق، ساختىپەزلىك، ئالدىراقسانلىق ۋە جەڭدىن بىزار بولۇش كەيپىياتى ھەمدە پاسسىپلىق، چىرىكلىك ئەھۋاللىرى ھېلىھەم مەۋجۇت. قىيىنچىلىقنى تېخىمۇ تولۇق مۆلچەرلەپ، خىرىسنى تېخىمۇ جايىدا تونۇپ، تۈرلۈك قىيىنچىلىق، خىرىسلارغا تاقابىل تۇرۇش ۋە ئۇنى يېڭىش تەييارلىقىنى ياخشى ئىشلەش كېرەك.

ماقالىدە مۇنۇلار كۆرسىتىلدى: نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۆتكەلگە ھۇجۇم قىلىش جېڭىنى ئومۇميۈزلۈك ياخشى قىلىش كېرەك. پارتىيە مەركىزىي كومىتېتىنىڭ ئومۇمىي ئورۇنلاشتۇرمىسى ۋە ئورۇنلاشتۇرۇشى بويىچە، تەشكىلىي رەھبەرلىكنى كۈچەيتىپ، نىشان - ئۆلچەمدە چىڭ تۇرۇپ، تۈزۈلمە مېخانىزمىنى يەنىمۇ كۈچەيتىپ، دەل جايىدا پۇختا ئىگىلەپ، مەبلەغ باشقۇرۇشنى مۇكەممەللەشتۈرۈپ، ئىستىل قۇرۇلۇشىنى كۈچەيتىپ، كادىرلارنى نۆۋەت بىلەن تەربىيەلەشكە تەشكىللەپ، ئىچكى ھەرىكەتلەندۈرگۈچى كۈچنى قوزغاشقا ئەھمىيەت بېرىش كېرەك.

ماقالىدە مۇنۇلار تەكىتلەندى: نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۆتكەلگە ھۇجۇم قىلىش جېڭىدە غەلىبە قىلىش، جۇڭخۇا مىللىتىدە نەچچە مىڭ يىللاردىن بۇيان ساقلىنىۋاتقان مۇتلەق نامراتلىق مەسىلىسى بىز بىر ئەۋلاد كىشىلەرنىڭ قولىدا تارىخىي خاراكتېرلىك ھەل قىلىنىدۇ. بۇ بىزنىڭ ھاياتىمىزدىكى چوڭ بەخت. بىز ئورتاق تىرىشىپ، جۇڭخۇا مىللىتى، پۈتكۈل ئىنسانىيەت ئۈچۈن مۇھىم، زور ئەھمىيەتكە ئىگە بۇ ئۇلۇغ ئىشنى بىرلىكتە تاماملايلى. پەقەت پۈتۈن پارتىيە، پۈتۈن مەملىكەتتىكى ھەر مىللەت خەلق بىر نىيەتتە ھەمكارلىشىپ، قەيسەرلىك بىلەن كۈرەش قىلسىلا، نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۆتكەلگە ھۇجۇم قىلىش جېڭىنى چوقۇم ياخشى قىلغىلى، غەلىبە قىلغىلى بولىدۇ.

---

(بېشى 1 - بەتتە)

تۈپ مىزان بىلەن تەمىنلىدى. پۈتۈن ئاپتونوم رايوندىكى ھەرقايسى جايلار، ھەرقايسى تارماقلار باش شۇجى شى جىنپىڭنىڭ مۇھىم سۆزىنىڭ روھىنى ئەستايىدىل ئۆگىنىپ، ئىزچىللاشتۇرۇپ، «تۆت ئاڭ»نى كۈچەيتىپ، «تۆت ئىشەنچ»نى چىڭىتىپ، «ئىككىنى قوغداش»نى ئىشقا ئاشۇرۇپ، يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش - تىزگىنلەشنى دائىملاشتۇرۇش ئالدىنقى شەرتىدە، مۇقىملىق ئاساسىدا ئىلگىرىلەش خىزمەت باش رىتىمىنى پۇختا ئىگىلەپ، «ئالتىنى مۇقىملاشتۇرۇش» خىزمىتىنى پۇختا، ياخشى ئىشلەپ، «ئالتىگە كاپالەتلىك قىلىش» ۋەزىپىسىنى ئومۇميۈزلۈك ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، ئىشەنچىنى چىڭىتىپ، ئىرادىنى ساقلاپ، خىرىسنى پۇرسەتكە ئايلاندۇرۇپ، ھەقىقىي تۇتۇپ ئەمەلىي ئىشلەپ، ئىقتىسادىي تەرەققىيات ۋە جەمئىيەت مۇقىملىقى چوڭ ۋەزىيىتىنى پۈتۈن كۈچ بىلەن قوغداپ، نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۆتكەلگە ھۇجۇم قىلىشتا ھەل قىلغۇچ جەڭ قىلىپ، ھەل قىلغۇچ غەلىبە قىلىش نىشان - ۋەزىپىلىرىنى تاماملاشقا ھەقىقىي كاپالەتلىك قىلىپ، ئومۇميۈزلۈك ھاللىق جەمئىيەت قۇرۇپ چىقىشى كېرەك.

بىرىنچىدىن، دائىملاشقان ئالدىنى ئېلىش - تىزگىنلەش تەدبىرلىرىنى مۇكەممەللەشتۈرۈش كېرەك. يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش - تىزگىنلەشتىن ئىبارەت بۇ كىرىچنى ھەر ۋاقىت چىڭىتىپ، دائىملاشقان يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش - تىزگىنلەشنى چىڭ تۇتۇپ، پۇختا تۇتۇپ، ئىنچىكە تۇتۇپ، قاراتمىلىق ھالدا سىرتتىن كىرىشنىڭ ئالدىنى ئېلىش، ئىچكى جەھەتتە قايتا كۆرۈلۈشنىڭ ئالدىنى ئېلىش تەدبىرلىرىنى كۈچەيتىپ، پورت مۇداپىئەلىنىشىنى قەتئىي چىڭ ساقلاپ، «1 - ماي» مەزگىلىدە قاتناش قۇراللىرى، مەيدان، بېكەتلەرنى دېزىنفېكسىيە قىلىش، ھاۋا ئالماشتۇرۇشنى ياخشى ئىشلەپ، مەنزىرە رايونلىرىدا خادىملارنى باشقۇرۇش - تىزگىنلەش ۋە ساغلاملىقنى كۆزىتىپ ئۆلچەشنى كۈچەيتىپ، ھەر دەرىجىلىك تۈرلۈك مەكتەپلەرنىڭ ئالدىنى ئېلىش - تىزگىنلەش خىزمىتىنى چوڭقۇر، ئىنچىكە، ياخشى ئىشلەپ، نۇقتىلىق ئورۇنلار ۋە نۇقتىلىق كىشىلەر توپىغا قارىتا ئالدىنى ئېلىش - تىزگىنلەشنى يەنىمۇ كۈچەيتىپ، ئاممىنى ئىلمىي مۇداپىئەلىنىشنى ياخشى قىلىشقا پائال يېتەكلەپ، تەستە قولغا كەلگەن ئالدىنى ئېلىش - تىزگىنلەش نەتىجىلىرىنى قەتئىي مۇستەھكەملەش كېرەك.

ئىككىنچىدىن، ئىقتىسادنىڭ يۇقىرى سۈپەتلىك تەرەققىياتىغا تۈرتكە بولۇش كېرەك. يېڭى تەرەققىيات ئىدىيەسىنى ئىزچىللاشتۇرۇپ، يېڭى پۇرسەتنى چىڭ تۇتۇپ، ئىقتىسادىي تەرەققىيات ئۇسۇلىنى ئۆزگەرتىشنى تېزلىتىپ، تەرەققىياتنىڭ تەشەببۇسكارلىق ھوقۇقىنى پۇختا ئىگىلەش كېرەك. كارخانىلارغا نەپ يەتكۈزۈش سىياسىتىنى ئومۇميۈزلۈك ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، كارخانىلار بولۇپمۇ ئوتتۇرا، كىچىك، ئۇششاق كارخانىلارنىڭ قىيىن ئۆتكەلدىن ئۆتۈۋېلىشىغا ياردەم بېرىپ، تۈۋرۈك كەسىپلەرنىڭ تەرەققىيات ھاياتىي كۈچىنى قويۇپ بېرىشنى تېزلىتىشنى ئىلگىرى سۈرۈش؛ مۇھىم، زور تۈر قۇرۇلۇشلىرىنىڭ سۈپىتىنى ئۆستۈرۈپ، ئۈنۈمىنى ئاشۇرۇشقا تۈرتكە بولۇپ، ئەنئەنىۋى ئۇل ئەسلىھە ۋە يېڭى تىپتىكى ئۇل ئەسلىھە قۇرۇلۇشىنى تېزلىتىپ، تېخىمۇ زور سالماق بىلەن ئۈنۈملۈك مەبلەغ سېلىشنى پائال كېڭەيتىش؛ توردىكى ۋە تور سىرتىدىكى ئىستېمالنىڭ سۈپىتىنى ئۆستۈرۈش، كۆلىمىنى كېڭەيتىشكە تۈرتكە بولۇپ، ئىچكى ئېھتىياجنى كېڭەيتىش ئارقىلىق ئىستېمالنى ئىلگىرى سۈرۈشكە كۈچەش؛ يىپەك يولى ئىقتىساد بەلبېغى يادرولۇق رايونى قۇرۇلۇشىنى ئالغا سىلجىتىشنى تېزلىتىپ، دەل جايىدا تەدبىر يۈرگۈزۈپ تاشقى سودىنى مۇقىملاشتۇرۇپ، تاشقى مەبلەغنى مۇقىملاشتۇرۇپ، يۇقىرى سۈپەتلىك ئېچىۋېتىشنى سىجىل كېڭەيتىش كېرەك.

ئۈچىنچىدىن، نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۆتكەلگە ھۇجۇم قىلىش جېڭىدە قەتئىي غەلىبە قىلىش كېرەك. «ئىككىدىن غەم قىلدۇرماسلىق، ئۈچكە كاپالەتلەندۈرۈش»نى چىڭ كۆزلەپ، دىققەتنى جەنۇبىي شىنجاڭدىكى ئۈچ ۋىلايەت، بىر ئوبلاستتىكى ئېغىر نامرات رايونلار ۋە ئالاھىدە قىيىنچىلىقى بار كىشىلەر توپىغا مەركەزلەشتۈرۈپ، «ئالتىدە دەل جايىدا بولۇش»نى ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، «يەتتە بىر تۈركۈم» «ئۈچتە سالماقنى ئاشۇرۇش»نى ئالغا سىلجىتىپ، ۋۇسكا ئېبىسپ جەڭگە ھەيدەكچىلىك قىلىشنى چوڭقۇرلاشتۇرۇپ، مەسىلىلەرنى تۈزىتىشنى قاتتىق تۇتۇپ، قايتا نامراتلىشىپ كېتىشنى كۆزىتىش، ئۆلچەشنى يەنىمۇ كۈچەيتىپ، نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش نەتىجىلىرىنى مۇستەھكەملەپ، ئومۇميۈزلۈك نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇشنى يېزا - كەنتلەرنى گۈللەندۈرۈش بىلەن ئۈنۈملۈك جىپسىلاشتۇرۇشنى داۋاملىق ئالغا سىلجىتىپ، نامرات نوپۇسنىڭ ھەممىسىنىڭ نامراتلىقتىن قۇتۇلۇشىغا ھەقىقىي كاپالەتلىك قىلىپ، نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۆتكەلگە ھۇجۇم قىلىش نىشان - ۋەزىپىلىرىنى قەرەلىدە يۇقىرى سۈپەتلىك تاماملاش كېرەك.

تۆتىنچىدىن، خەلق تۇرمۇشىنى ياخشىلاشقا سىجىل كۈچەپ كاپالەتلىك قىلىش كېرەك. مۇقىملىق، تەرەققىيات، خەلق تۇرمۇشىدىن ئىبارەت ئۈچىنى بىر گەۋدە قىلىشتا چىڭ تۇرۇپ، ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇش، مائارىپ، داۋالاش، ئىجتىمائىي كاپالەت، تۇرالغۇ قاتارلىق خەلققە نەپ يەتكۈزۈش قۇرۇلۇشلىرىنى يولغا قويۇشنى سىجىل ئالغا سىلجىتىپ، چىن قەلب، چىن ھېسسىيات، پۈتۈن كۈچ بىلەن ئاممىنىڭ ئەمەلىي قىيىنچىلىقىنى ھەل قىلىشىغا ياردەم بېرىپ، ئالاھىدە قىيىنچىلىقى بار كىشىلەر توپىنى تولۇق كاپالەتلەندۈرۈشنى يەنىمۇ كۈچەيتىپ، ھەر مىللەت ئاممىنىڭ ئېرىشىش تۇيغۇسى، بەخت تۇيغۇسى، بىخەتەرلىك تۇيغۇسىنى ئۈزلۈكسىز ئاشۇرۇش كېرەك.

بەشىنچىدىن، ئاممىۋى سەھىيە ئىدارە قىلىش ئىقتىدارىنى ئۆستۈرۈش كېرەك. ئېغىر، زور يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش - تىزگىنلەش تۈزۈلمە مېخانىزمى ۋە ئاممىۋى سەھىيە جىددىي ئىشلارغا تاقابىل تۇرۇشنى باشقۇرۇش سىستېمىسىنى مۇكەممەللەشتۈرۈشنى تېزلىتىپ، دىققەتنى ئاممىۋى سەھىيە قانۇنچىللىق كاپالىتى، كېسەلنىڭ ئالدىنى ئېلىش - تىزگىنلەش، ئېغىر، زور يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش - تىزگىنلەش، قۇتقۇزۇش - داۋالاش، جىددىي ئىشلارغا تاقابىل تۇرۇش ماددىي ئەشيالىرى كاپالىتىنى چوڭقۇرلاشتۇرۇش قاتارلىق نۇقتىلىق ساھەلەرگە مەركەزلەشتۈرۈپ، كەمتۈكلۈكلەرنى تولۇقلاش، يوچۇقلارنى ئېتىش، ئاجىز تۈرلەرنى كۈچەيتىشنى چىڭ تۇتۇپ، تاسادىپىي ئېغىر، زور ئاممىۋى سەھىيە ۋەقەلىرىگە تاقابىل تۇرۇش ئىقتىدار سەۋىيەسىنى ھەقىقىي ئۆستۈرۈش كېرەك.

ئالتىنچىدىن، جەمئىيەت چوڭ ۋەزىيىتىنىڭ ئىناقلىقى، مۇقىملىقىنى قوغداش كېرەك. دىققەتنى باش نىشانغا مەركەزلەشتۈرۈپ، بىرىكمە مۇشتنى ياخشى ئېتىپ، ئۈنۈملۈك بولغان مۇقىملىقنى قوغداش تەدبىرلىرىدە تەۋرەنمەسلىكتە چىڭ تۇرۇپ، بىخەتەر ئىشلەپچىقىرىشنى قەتئىي بوشاشماي ياخشى تۇتۇپ، ئاممىۋى خىزمەتنى چوڭقۇر، ئىنچىكە ياخشى ئىشلەپ، كىشىلەر قەلبىنى ئەڭ زور دەرىجىدە ئىتتىپاقلاشتۇرۇپ، مۇجەسسەملەپ، يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش - تىزگىنلەش ۋە نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۆتكەلگە ھۇجۇم قىلىش، ئىقتىساد، جەمئىيەت تەرەققىياتىنى بىرتۇتاش پىلانلاپ ئالغا سىلجىتىش قاتارلىق تۈرلۈك خىزمەتلەر ئۈچۈن ئىناق، مۇقىم مۇھىت يارىتىش كېرەك.

شۆھرەت زاكىر، نۇرلان ئەبىلمەجىن، لى پېڭشىن، شۇ خەيرۇڭ، سارقىت ئاقان، جاڭ چۈنلىن قاتارلىقلار يىغىنغا قاتناشتى.

---

(بېشى 1 - بەتتە)

جۇڭگو تەرەپ چېخ تەرەپنىڭ يۇقۇمغا تاقابىل تۇرۇشىنى قەتئىي قوللايدۇ، ئىككى تەرەپلىك، جۇڭگو - ئوتتۇرا، شەرقىي ياۋروپا دۆلەتلىرى ھەمكارلىقى قاتارلىق يوللار ئارقىلىق، چېخ بىلەن يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش - تىزگىنلەش ئۇچۇرلىرى ۋە تەجرىبىلىرىدىن بەھرىمەن بولىدۇ.

شى جىنپىڭ مۇنۇلارنى تەكىتلىدى: ئىنسانلار خۇشاللىقتىمۇ، قايغۇدىمۇ بىللە بولىدىغان تەقدىر ئورتاق گەۋدىسى، يۇقۇم ئالدىدا تېخىمۇ شۇنداق. جۇڭگو تەرەپ چېخنى ئۆز ئىچىگە ئالغان خەلقئارا جەمئىيەت بىلەن بىرلىكتە ئۈنۈملۈك بىرلىشىپ ئالدىنى ئېلىش، بىرلىشىپ تىزگىنلەشنى پائال قانات يايدۇرۇپ، يۇقۇمنىڭ يامرىشىنى قەتئىي توستى، شۇنىڭ بىلەن بىللە، ماكرولۇق ئىقتىساد سىياسىتىنى ماسلاشتۇرۇشنى كۈچەيتىپ، يۇقۇمنىڭ دۇنيا ئىقتىسادىغا ئېلىپ كەلگەن خىرىسلىرىغا ئورتاق تاقابىل تۇرۇپ، خەلقئارا ئادىللىق، ھەققانىيلىق ۋە خەلقئارا مۇناسىۋەت تۈپ مىزانىنى قەتئىي قوغداشنى خالايدۇ. خەلقئارا جەمئىيەتنىڭ قول تۇتۇشۇپ تىرىشچانلىق كۆرسىتىشىدە، ئىنسانلارنىڭ ئەڭ ئاخىرىدا يۇقۇم ئۈستىدىن چوقۇم غەلىبە قىلىدىغانلىقىغا ئىشىنىمەن.

شى جىنپىڭ مۇنۇلارنى تەكىتلىدى: جۇڭگو - چېخ مۇناسىۋىتىنىڭ ياخشى تەرەققىياتى ئىككى دۆلەت ۋە ئىككى دۆلەت خەلقلىرىنىڭ تۈپ مەنپەئىتىگە ئۇيغۇن. جۇڭگو تەرەپ جۇڭگو - چېخ مۇناسىۋىتىنىڭ تەرەققىياتىغا يۈكسەك ئەھمىيەت بېرىدۇ، چېخ تەرەپ بىلەن بىرلىكتە تىرىشىپ، جۇڭگو - چېخ ئىستراتېگىيەلىك ھەمراھلىق مۇناسىۋىتىنىڭ ئۈزلۈكسىز تەرەققىي قىلىشىغا تۈرتكە بولۇشنى خالايدۇ. مەن يۇقۇم ئاخىرلاشقاندىن كېيىن سىز بىلەن كۆرۈشۈپ، جۇڭگو - چېخ ۋە جۇڭگو - ئوتتۇرا، شەرقىي ياۋروپا دۆلەتلىرى مۇناسىۋىتىنىڭ كەلگۈسىنى ئورتاق سىزىپ چىقىشنى ئارزۇ قىلىمەن.

زېمان مۇنۇلارنى بىلدۈردى: جۇڭگو يېڭى تىپتىكى تاجسىمان ۋىرۇسلۇق ئۆپكە ياللۇغى يۇقۇمىنى مۇۋەپپەقىيەتلىك كونترول قىلىپ، ئىقتىسادتا ياخشى تەرەققىيات ئىستىقبالىنى نامايان قىلدى. جۇڭگو تەرەپنىڭ چېخنىڭ يۇقۇمغا تاقابىل تۇرۇشىغا قىممەتلىك مەدەت ۋە ياردەم بەرگەنلىكىگە رەھمەت ئېيتىمەن. چېخ - جۇڭگو دوستلۇقىنىڭ يىلتىزى چوڭقۇر، مۇستەھكەم، ئىككى تەرەپ خەلقلىرى بىر - بىرىگە دوستلۇق مېھرىنى سىڭدۈرگەن. مەن جۇڭگونىڭ سەممىي دوستى، ئىككى تەرەپ ھەمكارلىقىغا تىرىشىپ تۈرتكە بولۇپ، ئىككى دۆلەت مۇناسىۋىتىنىڭ كاشىلىلارنى تۈگىتىپ، داۋاملىق ئالغا قاراپ تەرەققىي قىلىشىغا ھەقىقىي كاپالەتلىك قىلىمەن. مەن پات يېقىندا جۇڭگودا يەنە بىر قېتىم زىيارەتتە بولۇشنى ئارزۇ قىلىمەن.

**شىنخۇا ئاگېنتلىقى، بېيجىڭ، 4 - ئاينىڭ 30 - كۈنى تېلېگراممىسى** دۆلەت رەئىسى شى جىنپىڭ 4 - ئاينىڭ 30 - كۈنى كەچتە پېرۇ زۇڭتۇڭى ۋىزكاررا بىلەن تېلېفونلاشتى.

شى جىنپىڭ مۇنۇلارنى تەكىتلىدى: يېڭى تىپتىكى تاجسىمان ۋىرۇسلۇق ئۆپكە ياللۇغى يۇقۇمى ئالدىدا، جۇڭگو تەرەپ باشتىن - ئاخىر ئىنسانىيەت تەقدىرى ئورتاق گەۋدىسى ئىدىيەسىنى ئەمەلىيەتتە كۆرسىتىپ، ھەرقايسى دۆلەتلەر ۋە دۇنيا سەھىيە تەشكىلاتى بىلەن يۇقۇم ئۇچۇرلىرىدىن ۋاقتىدا بەھرىمەن بولۇپ، خەلقئارا يۇقۇمغا تاقابىل تۇرۇش ھەمكارلىقىنى ئالغا سىلجىتتى. جۇڭگو تەرەپ قۇربىنىڭ يېتىشىچە نۇرغۇن دۆلەت ۋە خەلقئارا تەشكىلاتلارنى جىددىي ماددىي ئەشيا ياردىمى بىلەن تەمىنلىدى، كۆپ خىل شەكىللەر ئارقىلىق ئالدىنى ئېلىش - تىزگىنلەش تەجرىبىلىرىدىن قىلچە ئايىماي بەھرىمەن بولۇپ، يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش ماددىي ئەشيالىرىنى ئېكسپورت قىلىش يوللىرىنى راۋانلاشتۇرۇپ، ھەرقايسى دۆلەتلەرنىڭ يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش - تىزگىنلىشىگە كۈچ قوشتى. جۇڭگو تەرەپ خەلقئارا بىرلىشىپ ئالدىنى ئېلىش، بىرلىشىپ تىزگىنلەشنى قانات يايدۇرۇشنى قوللايدۇ، دۇنيا سەھىيە تەشكىلاتى قاتارلىق خەلقئارا تەشكىلاتلارنىڭ رەھبەرلىك رولىنى جارى قىلدۇرۇشنى قوللايدۇ، خەلقئارا ماكرو ئىقتىساد سىياسىتىنى ماسلاشتۇرۇشنى كۈچەيتىشنى قوللايدۇ.

شى جىنپىڭ مۇنۇلارنى كۆرسەتتى: ھازىر، پېرۇنى ئۆز ئىچىگە ئالغان لاتىن ئامېرىكىسى ۋە كارىب دۆلەتلىرىدە يۇقۇم ئۈزلۈكسىز كېڭىيىۋاتىدۇ، يامراۋاتىدۇ. جۇڭگو تەرەپ پېرۇ ھۆكۈمىتى ۋە خەلقىنىڭ يۇقۇمغا تاقابىل تۇرۇشىنى قەتئىي قوللايدۇ، قۇربىنىڭ يېتىشىچە پېرۇ تەرەپكە داۋاملىق مەدەت ۋە ياردەم بېرىدۇ. سىزنىڭ رەھبەرلىكىڭىزدە پېرۇنىڭ چوقۇم يۇقۇم ئۈستىدىن بالدۇرراق غەلىبە قىلالايدىغانلىقىغا ئىشىنىمەن. يۇقۇمغا ئورتاق تاقابىل تۇرۇش ئارقىلىق، جۇڭگو - پېرۇ ئىككى دۆلەت خەلقلىرىنىڭ دوستلۇقىمۇ يۈكسەلدى. جۇڭگو تەرەپ جۇڭگو - پېرۇ مۇناسىۋىتىنى راۋاجلاندۇرۇشقا يۈكسەك ئەھمىيەت بېرىدۇ، پېرۇ تەرەپ بىلەن بىرلىكتە تىرىشىپ، ئالاقىنى كۈچەيتىپ، ھەمكارلىقتا يېڭىلىق يارىتىپ، «بىر بەلباغ، بىر يول»نى ئورتاق قۇرۇپ، جۇڭگو - پېرۇ ئومۇميۈزلۈك ئىستراتېگىيەلىك ھەمراھلىق مۇناسىۋىتىنىڭ سىجىل راۋاجلىنىشىغا تۈرتكە بولۇپ، تېخىمۇ كۆپ ئەمەلىي نەتىجىلەر ئارقىلىق كېلەر يىلى ئىككى دۆلەتنىڭ دىپلوماتىك مۇناسىۋەت ئورناتقانلىقىنىڭ 50 يىللىقىنى كۈتۈۋېلىشنى خالايدۇ.

ۋىزكاررا مۇنۇلارنى بىلدۈردى: پېرۇ - جۇڭگو مۇناسىۋىتى ياخشى، ھەرقايسى ساھەلەردىكى ئالماشتۇرۇش، ھەمكارلىق پۇختا قەدەم بىلەن تەرەققىي قىلدى. جۇڭگو تەرەپ كارخانىلىرىنىڭ مەبلەغ سېلىشى پېرۇنىڭ ئۇل ئەسلىھە قۇرۇلۇشى ۋە ئىقتىساد، جەمئىيەت تەرەققىياتىنى ئىلگىرى سۈردى. پېرۇ تەرەپ كېلەر يىلى ئىككى دۆلەتنىڭ دىپلوماتىك مۇناسىۋەت ئورناتقانلىقىنىڭ 50 يىللىقىنى تەبرىكلەشنى پۇرسەت بىلىپ، ئىككى تەرەپ مۇناسىۋىتىنى يەنىمۇ راۋاجلاندۇرۇشقا تۈرتكە بولۇشنى خالايدۇ. جۇڭگو تەرەپ يېڭى تىپتىكى تاجسىمان ۋىرۇسلۇق ئۆپكە ياللۇغى يۇقۇمىنى تىزگىنلىدى، نامايان قىلغان تەشكىللەش ئىقتىدارى ۋە پايدىلىق تەجرىبىلىرى ئۆگىنىشكە، ئۆرنەك ئېلىشقا ئەرزىيدۇ. جۇڭگو تەرەپنىڭ پېرۇ تەرەپكە يۇقۇمغا تاقابىل تۇرۇش جەھەتتە قىممەتلىك مەدەت ۋە ياردەم بەرگەنلىكىگە رەھمەت ئېيتىمەن. مەن رەئىس شى جىنپىڭنىڭ ئېيتقانلىرىنى تامامەن قۇۋۋەتلەيمەن، بۇ قېتىمقى يۇقۇم ئىنسانىيەت تەقدىرى ئورتاق گەۋدىسى بەرپا قىلىشنىڭ ئىنتايىن مۇھىملىقىنى كۆرسىتىپ بەردى. خەلقئارا جەمئىيەت ئىتتىپاقلىق، ھەمكارلىقنى كۈچەيتىپ، كۆپ تەرەپچىللىكتە چىڭ تۇرۇپ، دۇنيا سەھىيە تەشكىلاتىنىڭ رەھبەرلىك رولىنى جارى قىلدۇرۇشنى قوللىشى كېرەك.

---

(بېشى 1 - بەتتە)

دېھقانلارنىڭ كىرىمىنى ئاشۇرۇش ۋە نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۆتكەلگە ھۇجۇم قىلىش خىزمىتىگە كۆرسەتكەن تەسىرىنى ئەڭ زور چەكتە ئازايتىش ئۈچۈن، 4 - ئاينىڭ 29 - كۈنى، ئاپتونوم رايونلۇق خەلق ھۆكۈمىتى بەنگۇڭتىڭى «جەنۇبىي شىنجاڭدىكى نامرات رايونلارنىڭ سېتىلماي قالغان باغ - ئورمان مەھسۇلاتلىرىنى سېتىشنى ئىلگىرى سۈرۈش ھەرىكىتىنى تەشكىللەش، قانات يايدۇرۇش توغرىسىدىكى ئۇقتۇرۇش» (تۆۋەندە قىسقارتىلىپ «ئۇقتۇرۇش» دېيىلىدۇ)نى بېسىپ تارقاتتى.

«ئۇقتۇرۇش»تا مۇنۇلار تەلەپ قىلىندى: ھەرقايسى جايلار، ھەرقايسى تارماقلار ئەمەلىيەتكە بىرلەشتۈرۈپ، يوشۇرۇن كۈچلىرىنى تولۇق قېزىپ، ھازىر بار بولغان تۈرلۈك يېزا ئىگىلىك مەھسۇلاتلىرىنى سېتىش سۇپىسىدىن ياخشى پايدىلىنىپ، سېتىشنى ئىلگىرى سۈرۈش ھەرىكىتىنى پائال قانات يايدۇرۇشى ھەم «سېتىۋېلىشنى ئىئانە قىلىشنىڭ ئورنىغا دەسسىتىش» «سېتىۋېلىشنى ياردەم بېرىشنىڭ ئورنىغا دەسسىتىش» قاتارلىق شەكىللەر ئارقىلىق سېتىلماي قالغان باغ - ئورمان مەھسۇلاتلىرىنى سېتىشنى ئىلگىرى سۈرۈشى كېرەك.

ئىشچىلار ئۇيۇشمىسى سىستېمىسىنىڭ ئەۋزەللىكىنى تولۇق جارى قىلدۇرۇپ، ھەر دەرىجىلىك پارتىيە، ھۆكۈمەت ئورگانلىرى، كارخانا، كەسپىي ئورۇنلاردىكى ئىشچىلار ئۇيۇشمىلىرىنى خىراجەت ئىشلىتىپ بايراملىق پاراۋانلىق ماددىي ئەشيالىرىنى سېتىۋالغاندا، ئومۇمىي سوممىنىڭ 20%دىن تۆۋەن بولماسلىق ئۆلچىمى بويىچە جەنۇبىي شىنجاڭدىكى نامرات رايونلارنىڭ سېتىلماي قالغان باغ - ئورمان مەھسۇلاتلىرىنى سېتىۋېلىشقا ئىلھاملاندۇرۇش، يېتەكلەش كېرەك. ھەر دەرىجىلىك پارتىيە، ھۆكۈمەت ئورگانلىرى، كارخانا، كەسپىي ئورۇنلارنى باغ - ئورمان مەھسۇلاتلىرىنى ئىستېمال قىلىشقا سەپەرۋەر قىلىپ، ئاشخانا تۈرىنى مولاشتۇرۇپ ياكى مەخسۇس سېتىش رايونى تەسىس قىلىپ، كادىر، ئىشچى - خىزمەتچىلەرنى ئۆز ئىختىيارلىقى بىلەن سېتىۋېلىشقا ئىلھاملاندۇرۇشى كېرەك.

«ئۇقتۇرۇش»تا مۇنۇلار تەلەپ قىلىندى: «نامراتلارنى يۆلەش 832 سۇپىسى»دىن پايدىلىنىپ سېتىشنى ئىلگىرى سۈرۈش ھەرىكىتىنى قانات يايدۇرۇپ، بۇ سۇپىدا باش تېمىلىق پائالىيەت مەخسۇس رايونى تەسىس قىلىشنى قولغا كەلتۈرۈپ، پائالىيەت ئارقىلىق سېتىشنى ئىلگىرى سۈرۈش سالمىقىنى زورايتىپ، تەشۋىقاتنى كېڭەيتىپ، جەمئىيەتتىكى ھەر ساھەدىكىلەرنى شىنجاڭنىڭ باغ - ئورمان مەھسۇلاتلىرىنى سېتىۋېلىشقا جەلپ قىلىش كېرەك. شىنجاڭغا ياردەم بېرىش مېخانىزمىدىن جانلىق پايدىلىنىپ، شىنجاڭغا ياردەم بېرىۋاتقان ئۆلكە، شەھەر، رايون مەركىزىي شەھەرلىرىدە مەخسۇس تور، مەخسۇس مەيدان ماركېتىنى كېڭەيتىش پائالىيىتىنى قانات يايدۇرۇپ، رايون باغ - ئورمان مەھسۇلاتلىرى ماركېتىغا مۇلازىمەت سۇپىسى قۇرۇش كېرەك.

«ئۇقتۇرۇش»تا مۇنۇلار تەلەپ قىلىندى: يېڭى تىپتىكى تاجسىمان ۋىرۇسلۇق ئۆپكە ياللۇغى يۇقۇمىنىڭ ئالدىنى ئېلىش - تىزگىنلەش شارائىتى يار بەرگەن ئەھۋالدا، تۈرلۈك كۆرگەزمە قىلىپ سېتىش پائالىيەتلىرىدىن ياخشى پايدىلىنىپ، شىنجاڭنىڭ خاس باغ - ئورمان مەھسۇلاتلىرىنى سېتىشنى كېڭەيتىش كېرەك. تۈرلۈك سودا ئىشلىرىنى جىپسىلاشتۇرۇش ۋە كېڭىشىش پائالىيەتلىرىنى پائال تەشكىللەپ، قانات يايدۇرۇپ، سودا ئوبوروتى، ئېلېكترونلۇق سودا قاتارلىق يېزا ئىگىلىكىنى كەسپىلەشتۈرۈشتىكى باشلامچى كارخانىلارنى ئۆز ئەۋزەللىكىنى جارى قىلدۇرۇشقا يېتەكلەپ، شىنجاڭ مېۋىچىلىك گۇرۇھى قاتارلىق يېزا ئىگىلىك مەھسۇلاتلىرىنى سېتىۋېلىش، سېتىش باشلامچى كارخانىلىرى بىلەن بولغان تەمىنلەش زەنجىرى ھەمكارلىقىنى كۈچەيتىپ، سېتىشنى ئىلگىرى سۈرۈش بىرىكمە كۈچى شەكىللەندۈرۈش كېرەك. دۆلەت ئىلكىدىكى كارخانىلار، پۇقراۋى كارخانىلار، ساھە جەمئىيەتلىرى، سودا جەمئىيەتلىرى ۋە خەير - ساخاۋەت ئاپپاراتلىرىنى جەنۇبىي شىنجاڭدىكى نامرات رايونلارنىڭ باغ - ئورمان مەھسۇلاتلىرىنى پائال سېتىۋېلىشقا تەشكىللەش، يېتەكلەش كېرەك. پۈتۈن مەملىكەتتە تەمىنات - سودا سىستېمىسىدىكى سودا كارخانىلىرى، يېزا ئىگىلىك مەھسۇلاتلىرىنى توپ تارقىتىش بازارلىرى، زەنجىرسىمان تاللا بازارلىرىدا مەخسۇس سېتىشنى ئىلگىرى سۈرۈش پائالىيىتىنى پائال قانات يايدۇرۇپ ھەم «تەمىنات - سودا e ئائىلىسى» ئېلېكترونلۇق سودا سۇپىسىغا تايىنىپ توردا سېتىشنى قانات يايدۇرۇش كېرەك.